


# جۇڭخېدىكى ھەربىي پارات

**شنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(چى شېڭ)** 2017 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ئارمىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى تەبرىكلەش ھەربىي پاراتى ئىچكى موڭغۇلنىڭ جۇرىخې بىرلەشمە مەشىق بازىسىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈردى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

پاراتنى كۆزدىن كەچۈرۈشنى قوبۇل قىلغانلاردىن جەمئىي 12مىڭ ئوفىتسېر ـ ئەسكەر، 600دىن ئارتۇق(يۈرۈش) قورال ـ جابدۇق بولۇپ، بىر بايراق قوغداش چاسا ئەترىتى، 27 يەر يۈزى چاسا ئەترىتى ۋە توققۇز خادىملار چاسا ئەترىتىدىن تەشكىللەنگەن. قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا ئۈچ ئارمىيە ئاۋىياتسىيە قىسمىنىڭ 100دىن ئارتۇق ئۇرۇش ئايروپىلانى بىر خاتىرە بەلگىسى تىدۇيى، بىر ھاۋا بوشلۇقىدا تۇيۇقسىز زەربە بېرىش تىدۇيى ۋە ئالتە ھاۋا بوشلۇقى تىدۇيى بولۇپ تەشكىللىنىپ، شەرقىي شىمال، شىمالىي جۇڭگودىكى ئالتە ئايرودۇرۇمدىن ئۇچتى. بۇ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئارمىيە قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەشنى باش تېما قىلغان كاتتا ھەربىي پاراتى بولۇپ، دالا ئۇرۇشى بويىچە، ئەمەلىي ئۇرۇش بويىچە جەڭ مەيدانىدا سەپ تۈزۈپ، دۆلىتىمىز قورال ـ جابدۇقلىرىنىڭ ئەلا سۈپىتى، جەڭگىۋارلىقىنى نامايان قىلغانلىقى، خەلق ئارمىيەسىنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرلىك، ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشتىن كېيىنكى پۈتۈنلەي يېڭى قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىققانلىقى.

رەئىس شى جىنپىڭ قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: 90 يىلنىڭ ئالدىدا، نەنچاڭ شەھىرىدە تۇنجى پاي مىلتىق ئاۋازى ياڭراپ، جۇڭگودا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى يېڭىچە خەلق ئارمىيەسىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى جاكارلاندى. 90 يىلدىن بۇيان، خەلق ئارمىيەسى پارتىيە بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ۋەتەن كەڭ زېمىنىدا مەزمۇت تۇرۇپ، مىللەتنىڭ ئارزۇسىنى زىممىسىگە ئېلىپ، قان كېچىپ جەڭ قىلىپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، بارلىق دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىش، قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى! بىزنىڭ خەلق ئارمىيەمىز پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنىدىغان قەھرىمان ئارمىيە بولۇشقا مۇناسىپ، دۆلەتكە سادىقلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرىدىغان قەھرىمان ئارمىيە بولۇشقا مۇناسىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىدىغان قەھرىمان ئارمىيە بولۇشقا مۇناسىپ.

رەئىس شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: خاتىرجەملىك، تىنچلىق خەلقنىڭ بەختى، تىنچلىقنى قوغداش خەلق ئارمىيەسىنىڭ مەسئۇلىيىتى. جاھان تېخى تىنچ ئەمەس، تىنچلىق قوغداشقا موھتاج. بۈگۈن، بىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش نىشانىغا تارىختىكى ھەر قانداق مەزگىلدىكىدىنمۇ بەكرەك يېقىنلاشتۇق، بىر كۈچلۈك خەلق ئارمىيەسى قۇرۇپ چىقىشقا تارىختىكى ھەر قانداق مەزگىلدىكىدىنمۇ بەكرەك موھتاج. بىز پارتىيەنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، جۇڭگوچە ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىپ، پارتىيەنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىزنىڭ بۇ قەھرىمان خەلق ئارمىيەسىنى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئارمىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. رەئىس شى جىنپىڭ سۆزىدە پۈتۈن ئارمىيەدىكى قوماندان، جەڭچىلەرگە «تۆتتە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش» تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەملىكەتلىك 19 ـ قۇرۇلتىيى

**شنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (چى شېڭ)** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەملىكەتلىك 19 ـ قۇرۇلتىيى 2017 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئېچىلدى. يىغىننىڭ باش تېمىسى: ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىش.

يولداش شى جىنپىڭ 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن يىغىنغا «ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەيلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بېرىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغانلىقى، دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەتنىڭ خەلقنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن تەرەققىيات تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ئۆزگەرگەنلىكى قاتارلىق مۇھىم، زور سىياسىي ھۆكۈمنى چىقىرىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ تارىخىي ئورنىنى بېكىتىپ، يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسىي تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش نىشانىنى بېكىتتى.

قۇرۇلتايدا مۇنداق قارالدى: خەلقئارا، دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات شارائىتىنى ئۇنىۋېرسال تەھلىل قىلىپ، 2020 ـ يىلدىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدۇ. بىرىنچى باسقۇچتا، 2020 ـ يىلدىن 2035 ـ يىلىغىچە، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئاساسىدا، يەنە 15 يىل كۈرەش قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. ئىككىنچى باسقۇچتا، 2035 ـ يىلدىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش ئاساسىدا، يەنە 15 يىل كۈرەش قىلىپ، دۆلىتىمىزنى باي ـ قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىي، ئىناق، گۈزەل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىلىدۇ.

قۇرۇلتايدا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى نىزامنامىسى (تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)» ماقۇللىنىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى بىلەن بىرلىكتە پارتىيەنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى قىلىپ تۇرغۇزۇلدى ھەم پارتىيە نىزامنامىسىگە كىرگۈزۈلدى.

پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش باسقۇچىدا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغان ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە ئېچىلغان بىر قېتىملىق ئىنتايىن مۇھىم قۇرۇلتاي، شۇنداقلا بىر قېتىملىق ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىگەن قۇرۇلتاي بولۇپ، پارتىيەمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدە ئىنتايىن مۇھىم، زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.




# يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش

**شنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (چى شېڭ)** يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرما، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىشتىكى مۇھىم، زور تارىخىي ۋەزىپە، يېڭى دەۋردىكى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنىڭ باش تۇتقىسى.

پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار مەسىلىسى دۆلەت ئىگىلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك تۈپ خاراكتېرلىك مەسىلە بولۇپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشنى جەزمەن باشتىن ـ ئاخىر پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىدە مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىش كېرەك. يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، كەسپلەر گۈللەنگەن، ئېكولوگىيەسى ياشاشقا باب كېلىدىغان، يېزا ئىستىلى مەدەنىي، ئىدارە قىلىنىشى ئۈنۈملۈك، تۇرمۇش باياشات بولۇش ئومۇمىي تەلىپى بويىچە، شەھەر، يېزىلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىيات تۈزۈلمە ـ مېخانىزمى ۋە سىياسەت سىستېمىسىنى ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

2018 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكرى»نى بېسىپ تارقىتىپ، يېڭى دەۋردە يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى ۋە ئومۇمىي تەلىپى، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ نۇقتىلىق ۋەزىپىسى، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش تەدبىرلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، پارتىيەنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تەكىتلىدى ھەم ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

2018 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەلىك يىرىك پىلانى(2018 ـ يىلدىن 2022 ـ يىلىغىچە)»نى بېسىپ تارقىتىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى باسقۇچ خاراكتېرلىك پىلانلاپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 2020 ـ يىلىغىچە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە 2022 ـ يىلى پارتىيەنىڭ 20 ـ قۇرۇلتىيىنى ئېچىشتىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، مۇھىم، زور قۇرۇلۇش، مۇھىم، زور پىلان، مۇھىم، زور ھەرىكەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ھەر قايسى جايلار، ھەر قايسى تارماقلارنىڭ يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى تۈرگە ئايرىپ، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىشقا يېتەكچىلىك قىلىشتىكى مۇھىم ئاساسى.

پىكردە مۇنداق كۆرسىتىلدى: يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش خەلقنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن تەرەققىيات تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، پۈتكۈل خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. پىكردە يەنە مۇنداق كۆرسىتىلدى: مەۋقەنى دۆلەت ئەھۋالىغا، يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار ئەھۋالىغا قويۇپ، ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش كۆرۈپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، تېخىمۇ زور ئىرادە، تېخىمۇ ئېنىق نىشان، تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىر بىلەن، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇميۈزلۈك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، يېزىلارنى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقانلارنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى يېزا ـ كەنتلەرنى ئومۇميۈزلۈك گۈللەندۈرۈشنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتۈش كېرەك.

چېن ياۋپىڭ:

# بېيىش يولىدا شىنجاڭلىق قېرىنداشنى ئۇنتۇمايمەن

□ مۇخبىرىمىز جاڭ جىلى

كەچ كۈزنىڭ كۈندۈزى قىسقا، چېن ياۋپىڭ ھەر كۈنى ئىش قىلغاندا قوياشنىڭ بالدۇر پېتىپ كەتكىنىدىنلا ئەپسۇسلىناتتى. 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئۇ ئىلگىرىكىدەكلا قېرىنداشنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ بولۇپ ئۆيىگە قايتقاندا، تۈن پەردىسى پۈتكۈل كەنتنى قاپلىغانىدى.

ئاقسۇ شەھىرى بەشتوغرەن يېزىسى ئاراللەگەر كەنتىدىكى تۇرسۇن توختى مېيىپ بولۇپ، ئېتىز ئىشى قىلالمايتتى. مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخس شەرەپ نامىغا ئېرىشىپ بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگىنىگە ئۇزاق بولمىغان چېن ياۋپىڭ ھەر كۈنى قېرىندىشى تۇرسۇننىڭ كېۋەزلىكىگە بېرىپ ياردەملەشتى. كەچكى قۇياش غەربكە پاتقاندا، چېن ياۋپىڭ تەرگەن پاختىنى تۇرسۇننىڭ ئۆيىگە توشۇپ بولۇپ، يەنە ئىشىكتىن چىقىپ توشقانغا ئوت ئالغىلى ماڭدى.

«ئاكا، بۇ مەزگىلدە بەك جاپا تارتتىڭىز، ئەمما نۇرغۇن ئىشنى مەن قىلالمايمەن» دېدى تۇرسۇن توشقانلارغا ئوت بېرىپ بولۇپ خىجىل بولغان ھالدا چېن ياۋپىڭغا.

«ئىنىم، سىزمۇ ئۆيدە بىكار ئولتۇرمىدىڭىزغۇ؟ پاختىنى يىغىپ بولالاي دېدۇق، ئەمدى بىز توشقاننى ياخشى بېقىشنى كۆرۈپ ئويلىشايلى» دېدى چېن ياۋپىڭ.

2013 ـ يىلى، 44 ياشلىق چېن ياۋپىڭ خېنەندىن شىنجاڭغا ئىشلەمچىلىككە كەلدى. ئاراللەگەر كەنتى ئەمەن ئۆيى قۇرۇلۇشى ئىش مەيدانىدا بىر قېتىم سېمونت لاي ئېتىش ماشىنىسىدا كاشىلا كۆرۈلدى، ماشىنىدا مەشغۇلات قىلىۋاتقان چېن ياۋپىڭ جىددىيلىشىپ قارا تەرگە چۆمۈپ كەتتى، ئۆيدە دەم ئېلىپ داۋالىنىۋاتقان تۇرسۇن بۇ ھالەتنى كۆرگەندىن كېيىن، ھاسىغا تايىنىپ كېلىپ ياردەملەشتى.

تېزلا، سېمونت لاي ئېتىش ماشىنىسى ئوڭشالدى. چېن ياۋپىڭ يېنىدىن 100 يۈەن چىقىرىپ تۇرسۇنغا بەردى، تۇرسۇن رەت قىلىپ مۇنداق دېدى: «بىز ھەممىمىز قېرىنداش، ياردەم قىلىشقا تېگىشلىك، بۇ پۇلنى ئالسام بولمايدۇ.» شۇنىڭدىن باشلاپ، چېن ياۋپىڭ بۇ ئۇيغۇر قېرىندىشىغا دىققەت قىلدى.

تۇرسۇن تىراكتور ھەيدەۋاتقاندا ھادىسىگە ئۇچراپ مېيىپ بولۇپ قالغانىدى، خوتۇنى ھۆرنىساخان مەخمۇت بەل ئومۇرتقا ئارىلىق تەخسىسى پولتىيىپ چىقىش سەۋەبلىك ئېتىز ئىشى قىلالمايتتى، ئۆيدە يەنە ئۈچ كىچىك بالىسى بار ئىدى. بىر ئائىلىدىكى بەش جان كېسەك ئۆيدە تۇراتتى، ئۇن مو كېۋەزلىككە تايىنىپ تۇرمۇشنى قامدايتتى. ئەر ـ خوتۇن كېسەل داۋالىتىش ئۈچۈن 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق قەرز بولۇپ قالغانىدى.

تۇرسۇننىڭ ئائىلىسىدىكى قىيىنچىلىقنى كۆرگەن چېن ياۋپىڭ ئۇن، گۈرۈچ، ياغ ھەم بالىلىرى كىيىدىغان كىيىم ـ كېچەك، ئاياغ سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بەردى. 2013 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاراللەگەر كەنتىنىڭ ئەمەن ئۆيى پۈتتى، چېن ياۋپىڭ يۇرتىغا قايتىپ كەتتى، بىراق ئۇ يەنە دائىم تۇرسۇندىن كەلگەن تېلېفوننى قوبۇل قىلىپ تۇراتتى، تۇرسۇننىڭ ئۈچ بالىسىمۇ تالىشىپ تۇرۇپ سۆزلىشەتتى. چېن ياۋپىڭ خوتۇنى جاڭ يۈەنمېي بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، كېلەر يىلى يەنە ئاقسۇ شەھىرىگە بېرىپ ئىشلەمچىلىك قىلىپ، تۇرسۇن ئائىلىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بەرمەكچى بولدى.

2014 ـ يىلى، چېن ياۋپىڭ يەنە ئاقسۇ شەھىرىگە كەلگەندە، 40 سوغلۇق بىر سۈيۈق كىرىستال ئېكرانلىق تېلېۋىزور، بىر توك قازىنى، بىر توك تاۋا ھەم ئىككى يەشلىك بالىلار كىيىم ـ كېچەكى، ئايىغىنى ھاۋالىلىك توشۇتۇپ ئالغاچ كەلدى، ئۇ بوش ۋاقتى بولسىلا تۇرسۇننىڭ ئۆيىگە بېرىپ ياردەملەشتى. شۇ يىلى تۇرسۇن دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاندا، چېن ياۋپىڭ دوختۇرخانىدا ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى ھەم خوتۇننى تۇرسۇننىڭ ئۆيىدىكى كىچىك بالىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئەۋەتتى.

يۇرتىدا قاما توشقان بېقىپ باققان چېن ياۋپىڭ ئاقسۇنىڭ قاما توشقان بېقىشقا ماس كېلىدىغانلىقىنى بايقاپ، تۇرسۇننى توشقان بېقىش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا رىغبەتلەندۈردى ھەم تۇرسۇننىڭ سىناق قىلىپ بېقىشى ئۈچۈن 20 بوجەن ئېلىپ بەردى. تۇرسۇن توشقان بېقىش، يۇقۇملۇق كېسەلدىن مۇداپىئەلىنىش، نەسىللەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە مەسىلىگە يولۇقسىلا چېن ياۋپىڭغا تېلېفون بېرىپ ياردەم سورىدى. تۇرسۇننىڭ بېيىش ئىرادىسىنى كۆرۈپ، چېن ياۋپىڭ تۇرسۇن بىلەن بىللە توشقان بېقىپ بېيىشنى قارار قىلدى.

2015 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، چېن ياۋپىڭ تۇرسۇننىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كەلدى، ئۇ ئۆزى يىغقان 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى چىقىرىپ، تۇرسۇننىڭ ئۆيىدە توشقان كاتىكى ياسىدى. 2015 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، 1 ـ تۈركۈمدىكى نەسىللىك توشقاننى 10 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇلغا ساتتى. كېيىنكى بىرنەچچە يىلدا، ئۇلار توشقان بېقىپ تاپقان پۇلى بىلەن باقمىچىلىق كۆلىمىنى سىجىل كېڭەيتتى، ھازىر بېقىلىۋاتقان توشقان 3000دىن ئاشىدۇ، 2018 ـ يىلى پايدىسى 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

بۈگۈنكى كۈندە، تۇرسۇننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى، كېسەل داۋالىتىشتا ئالغان قەرز پۇلنى قايتۇرۇپ بولدى، تۇرسۇن چېن ياۋپىڭغا ئوخشاش توشقان بېقىشنىڭ كەسىپ ئەھلى بولۇپ قالدى. ئاراللەگەر كەنتىدىكى بىر قىسىم كەنت ئاھالىلىرىمۇ بۇ ئاكا ـ ئۇكىغا ئەگىشىپ توشقان بېقىشنى ئۆگەندى، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن توشقان باقمىچىلىقى ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ يۇرتداشلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولۇشنى ئويلىدى.